
مۇھەممەد رەھىم

# مۇھەببەت سەۋدالىرى





مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

مۇھەممەد رەھىم

# مۇھەببەت سەۋدالىرى



مىللەتلەر نەشرىياتى

特约编辑：马合木提
责任编辑：牙库甫
责任校对：美力克

**图书在版编目(CIP)数据**

买买提·热依木诗歌集/买买提·热依木著.—北京：
民族出版社，2006.6
ISBN 7-105-07745-X

Ⅰ.买... Ⅱ.买... Ⅲ.诗歌—作品集—
中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言）
Ⅳ.I227

中国版本图书馆CIP数据核字(2006)第059674号

出版发行：民族出版社　　http://www.e56.com.cn
社　　址：北京市和平里北街14号　　邮编：100013
电　　话：010-64290862（维文室）
印　　刷：北京迪鑫印刷厂
版　　次：2006年6月第1版　2006年6月北京第1次印刷
开　　本：850毫米×1168毫米
印　　张：4.25
印　　数：0001-1500册
定　　价：8.00元

تەكلىپلىك تەھرىر : ماخمۇت مۇھەممەت
مەسئۇل مۇھەررىر : ياقۇپ مۇھەممەتروزى
مەسئۇل كوررېكتور : مەلىكە ئابدۇقادىر

# مۇھەببەت سەۋدالىرى

## مۇھەممەد رەھىم

نەشر قىلغۇچى : مىللەتلەر نەشرىياتى
ئادرېسى : بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى : 100013، تېلېفون نومۇرى : 64290862 ـ 010
ساتقۇچى : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى : يىخۇي باسما چەكلىك شىركىتى
نەشرى : 2006 ـ يىل 6 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى
بېسىلىشى : 2006 ـ يىل 6 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى
ئۆلچىمى : 850×1168م م. 32كەسلەم
باسما تاۋىقى : 4.25
سانى : 1500 ـ 0001
باھاسى : 8.00 يۈەن

# نەشرىياتتىن

تالانتلىق، پېشقەدەم شائىر مۇھەممەد رەھىمنىڭ مۇھەببەت تېمىسىدا يازغان شېئىرلىرى سان جەھەتتىن، سۈپەت جەھەتتىن رەڭدار ۋە سەرخىل بولۇپ، ئوقۇغان كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتەلەيدۇ. ئۇنىڭ «مۇھەببەت سەۋدالىرى» ناملىق مەزكۇر توپلىمىدىكى بىر قىسىم شېئىرلاردا مۇھەببەت ھەققىدىكى پەلسەپىۋى پىكىرلەر، مۇلاھىزىلەر ۋە نازۇك، لىرىك ھېس-تۇيغۇلار بايان قىلىنغان. يەنە بىر قىسىم شېئىرلاردا ۋىسال پەيتىگە ئېرىشكەن مۇھەببەتنىڭ شېرىن مىنۇتلىرى، ھىجران قوينىدا ئىنتىزار بولغان مۇھەببەتنىڭ جەبىر-جاپالىرى، ۋاپاسىزلىقنىڭ دەرد-ئەلەملىرى، خىيال بىلەن قاناتلانغان تۇنجى مۇھەببەتنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرى ... تەسۋىرلەنگەن. بۇلاردىن باشقا توپلامدا ياشانغانلار قەلبىدىكى مۇھەببەت ئۇچقۇنلىرى سۈرەتلەنگەن ۋە ئەخلاق قېلىپىدىن چىققان شەرمەندىلىكلەر قامچىلانغان شېئىرلارمۇ بار.

ئومۇمەن بۇ توپلامدىكى شېئىرلار ئوقۇرمەنلەرنى مۇھەببەت دۇنياسىدىكى پاكلىق، گۈزەللىك، ساداقەت، غەيرەت-شىجائەت كەبى پەزىلەتلەر بىلەن تەربىيىلەيدۇ. يالغانچىلىق، مەككارلىق، ۋاپاسىزلىقتىن ئىبارەت رەزىللىكلەردىن ھاسىل بولغان ئاچچىق تەجرىبە-ساۋاقلارغا ئىگە قىلىدۇ.

此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

# مۇندەرىجە


مۇھەببەت ھەققىدە ........ 1
يول ئۈستىدىكى سۆھبەت ........ 3
بىۋاپاغا ........ 5
ئامرىقىمغا مۇۋەششەھ ........ 8
كۈتۈش ........ 10
دىلبىرىمگە ........ 12
شەرتلەر ........ 14
چۈشەنمەپسەن ........ 15
ئۈمىد ........ 16
گۈلجامال ........ 17
ئىككى خەت ........ 18
سۆلەت ........ 19
ئايدىڭ كېچە ........ 22
رەسىمىڭىزنى كۆرگەندە ........ 25
مەنىلىك قاراشلار ........ 27
مۇھەببەت - چىرايلىق گۈل ........ 29
ئېھتىيات ........ 30
ئېزىققان سىڭلىمغا ........ 31
ۋىسال ناخشىسى ........ 32
ياشلىقتا ھېسداشلىق (چاتما شېئىر) ........ 33
مۇقەددىمە ........ 33
يىگىتنىڭ دەردى ........ 34

ئەقىللىق ئىت ........................ 34
بەخۇاشلىق ........................ 35
گۈزەللىك ........................ 36
پىتنە ........................ 36
مۇھەببەت ........................ 37
ھەيران بولماق ........................ 38
ئوخۇم ۋە چۇشۇم ........................ 39
مۇھەببەت لەۋھەسى ........................ 41
خەتنىڭ ئىگىسى ........................ 43
يارنىڭ خېتى ........................ 44
زورلىماق، ئانا ........................ 45
پۇشايمان ........................ 46
كۆز ........................ 47
چۈش ........................ 49
سېغىنىش ........................ 51
تۈنى قارغاش ........................ 52
خىيالچان يىگىت ........................ 53
خەتكە ئىنتىزارلىق ........................ 56
كەمپۈت ........................ 58
ئورۇنسىز غەم ........................ 59
ئىلتىماس ........................ 60
مومايىنىڭ جاۋابى ........................ 61
ئەسلەش ........................ 62
شامال ........................ 63
بىلمىدىم ........................ 64
ئايغا رەھمەت ........................ 66
بىر گۈزەلگە ........................ 67

تارتىنىش ...................................... 69
شېرىن خىياللار ................................ 71
سەن ئىكەنسەن ................................ 72
تىلسىز گۇۋاھچى .............................. 73
ياق-ياق ..................................... 74
قېيىداپ كەتمە ................................ 76
سەندىن ئايرىلىپ.............................. 77
شۇنداق مۇھەببەت ............................ 78
ساددىلىق.................................... 79
باغ ھويلىدا.................................. 81
مۇھەببەتكە شېئىرمۇ ئامراق ................... 83
بىر رەسىمگە قاراپ ........................... 85
ساپال تەشتەك................................ 86
قۇلۇپ...................................... 87
رېستوراندا ................................. 88
بەڭۋاش خىياللار............................. 91
كۆيمىگەنگە كۆيمە (سانائىل ھەرپىيات)......... 93
ئارزۇ گۇل ................................. 94
كۆڭلۈم دېگەن گەپلەر ......................... 96
كۆيدۈرگەن رەسىم ............................ 98
ئۇماق خېنىمغا ............................... 100
پۇل كېرەك .................................. 103

## مۇھەببەت ناخشىلىرى

جانانغا ................................... 108
سېغىنىش .................................. 109

ئاي بىلەن قىز ........................................ 110
يىغلىما ھەم زارلىما ................................ 111
چولپىنىم سەن ........................................ 112
سىم ئۈزۈلگەن ئوخشايدۇ .............................. 113

## ياشانغان ياش غەزەللەر

يانفون بىلەن ئۈچرىشىش .............................. 115
يېشىمنى سورىماڭ .................................... 117
قىز-يىگىتلەر سەمىگە ................................ 118
قىزىمغا نەسىھەت ..................................... 119
مۇھەببەت كۆز قىسىپتۇ ............................... 121
ئۆمۈر ئالبومىنى ئاچتىم ............................... 122
مۇھەببەتنىڭ مىجەزى ................................. 123
ئىلاۋە: ................................................ 124
خۇدا بەندەم دېسە .................................... 126
مەۋھۇم سۈكۈت ........................................ 127
كەچۈرۈڭ ............................................... 128
شېئىر يازمايدىغان كىم بار ............................ 129

# مۇھەببەت ھەققىدە

مۇھەببەت — ھاياتنىڭ روھى بايلىقى،
ئۇنىڭسىز ھاياتتا يوق قەدىر-قىممەت.
بۇ خىسلەت پۈتۈلگەن پاك مۇھەببەتكە،
ۋىجداندىن يىراقدۇر ناپاك مۇھەببەت.

مۇھەببەت ھىجرانى مۇشكۈل ئىمتىھان،
ھىجرىدە تاۋلايدۇ ۋىجدان، نومۇسنى.
شۇڭلاشقا تىترەشتىن ئۆلۈم ئالدىدا،
مىڭ ئەلا بىلگۈلۈك قۇربان بولۇشنى.

مۇھەببەت ۋىسالى — بەخت-سائادەت،
مۇراد ۋە مەقسەتكە ئاچىدۇ ئىشىك.
ئەل-يۇرتنى تىترەتكەن شاھانە دۆلەت
ۋىسالنىڭ كۆزىگە قارىيالماس تىك.

مۇھەببەت نېمە دەپ سورىسا بىر كىم،
قىز-يىگىت سۆيگۈسى دېيىش گۆدەكلىك.
چۈنكى ئۇ سۆيگۈنىڭ باھارى ياشلىق
ۋە ھەسەن-ھۈسەندەك ئۆمرى بەك چەكلىك.

مۇھەببەت مەنىسى كەڭرى ۋە تېرەن،
ئۇ شۇنداق زور تۇرۇپ يۈرەككە سىغقان.

«ئالمىدەك يۈرەكتە ئالەمچە سۆيگۈ»[1] —
دېگەن بۇ ئەقلىيە شۇنىڭدىن چىققان.

كەچۈرۈپ بولدۇم مەن ھەسەن-ھۈسەندەك
مۇھەببەت پەسلىنىڭ سەرگۈزەشتىنى.
يەنە بىر قېرىماس مۇھەببىتىم بار،
ھېچ نەرسە ئۈزەلمەس ئۇنىڭ رىشتىنى.

بۇ ئۇلۇغ مۇھەببەت - ۋەتەن سۆيگۈسى،
دېڭىزدىن تېرەن ھەم قۇياشتىن ئىللىق.
تەۋەررۈك سۆيگۈ ئۇ ئەجدادلىرىمدىن،
مەندىنمۇ تەۋەررۈك تۈمەن مىڭ يىللىق.

1979-يىل 1-سېنتەبىر، ئۈرۈمچى.



① بۇ مىسرا ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ.



此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook.com

# يول ئۇستىدىكى سۆھبەت

تۇراتتىم، بىر سەتەڭ كەلدى، دېدى توختاپ: — تۇرۇپ
قاپسىز؟
— ھەئە، شۇنداق، — دېدىم مەنمۇ: — شاپاشلاپ بەك
ھېرىپ قاپسىز.

— ئۆيۈم بەكمۇ يىراق يەردە، — دېدى، كۈلدى،
يېقىنلاشتى،
تونۇشلاردەك دېدى ئاستا: — ئەجەب ياخشى كېلىپ
قاپسىز...

دېدىم: — بىر ئىش بىلەن كەلدىم، دېدى ئۇ: —
سۆزلىمەڭ يالغان،
مېنىڭدەك زېرىكىپ سىزمۇ بۇ يەردە تەلمۈرۈپ قاپسىز.

دېدى، ناز قىلدى ناىناقلاپ، پەرەنجە ئىككى پۈكلەندى،
كۆرۈپلا سەسكىنىپ كەتتىم، دېدىم: — ئاچا قېرىپ
قاپسىز.

— ۋىيەي، ئۇنداق دېمەڭ بىزنى، يېشىم ئوتتۇزغا يەتكەن
يوق،
دېدىم: — ئۇ نەدىكى ئوتتۇز، قىرىق بەشكە بېرىپ
قاپسىز.

دېدى: — سىز بەك نادانكەنسىز، جۇۋان قەدرىگە
يەتمەيسىز،
ياراتمايسىز مېنىڭدەكنى، ئەجەب بىر ئەيمىنىپ قاپسىز.

دېدىم: — ئاچا، ئېسىلماق سىز!
دېدى: — سىزنى ياراتتىم مەن.
دېدىم: — ئىنساپ قىلىڭ ئاچا، يامان كويغا كىرىپ
قاپسىز.

— بازاردا مىڭ كىشى بولسا، كۆڭۈلدە بىر كىشى،
دەيدۇ،
دېدى، سۆزدە داۋام قىلدى: — يىگىتلىكتە چېنىپ
قاپسىز.

دېدىم: — يولغا مېڭىڭ ئاچا، ئەجەب داپ يۈز
ئىكەنسىزغۇ،
قاراپ باقمايلا ئەينەككە تالا-تۈزگە چىقىپ قاپسىز.

ئۇيالدىم خەلقى ئالەمدىن، لېكىن ئۇ نائۈمىد كەتتى،
كېتەر چاغدا دېدى شۇنداق: ھەسەلدىن كېكىرىپ
قاپسىز.

1948-يىلى ئاۋغۇست، غۇلجا

# بۇاپاغا

ئاڭلىغىن يار، ئاڭلىغىن، سەندەك ناداندىن ۋاز كېچەي،
قەدرى بىلمەس بۇاپا «شېرىن زوۋان» دىن ۋاز كېچەي،
ئۆزى ئاق، كۆڭلى قارا، هالى يوغاندىن ۋاز كېچەي،
كېچىلەپ يۇلتۇز ساناتقان «مېهرىبان» دىن ۋاز كېچەي،
كۆز يېشىمدىن بىخەۋەر سەن شادىماندىن ۋاز كېچەي،
ئايرىلىپ ئۆلسەم ئۆلەيكى، خەستە جاندىن ۋاز
كېچەي.

ئالدىنىپ بۇلبۇل قۇشۇم قىلدى بېغىڭغا ئىلتىپات،
قوندى هەر تاڭدا گۇلۇڭگە، ئەيلىدىڭ كۆڭلۇڭنى شاد،
بار ئىكەن گۇلدە تىكەن، قىلماپتۇ هېچبىر ئېهتىيات،
پۇتقا كىرگەندە تىكەنلەر قىلدى بۇلبۇل پەندىيات،
گۇل ئارا يانتاق يوشۇرغان باغىباندىن ۋاز كېچەي،
بۇ كۆڭۇل ئازارى چىققان باغ-ۋاراندىن ۋاز كېچەي.

مەن ئۆزۇم بۇلبۇل ئەمەس، ئىشقىم، مۇرادىم بۇلبۇلۇم،
بىر ساڭا ئىشقىم چۇشۇپ، دەردىم ئىچىمدە بىر تۇلۇم،
مامىكاپىنى گۇل ئىكەن دەپ قىسقىنىمغا ۋاي ئۆلۇم،
نېمە بولسا بولدى ئەمدى، يوق مېنىڭ سەندەك گۇلۇم،
ساڭا ئوخشاش تۇتقۇسىز ئىشقى ئاساندىن ۋاز كېچەي،
بىقارار ئاپتاپپەرەستەك «جانىجان» دىن ۋاز كېچەي.

مەن ساڭا گەپ قىلمىسام، دەسلەپ ياراتقان سەن
ئۆزۈڭ،
بىر كۆڭۈل بەرسە دېگەن، تەشۋىق تاراتقان سەن ئۆزۈڭ،
ۋەدىلەشكەندە ئاۋۋالراق قول ئۇزاتقان سەن ئۆزۈڭ،
ۋەدىنى ئۇنتۇپ، مېنى يەرگە قاراتقان سەن ئۆزۈڭ،
ۋەدىسىدە تۇرمىغان قاشى كاماندىن ۋاز كېچەي،
چاغلىماستىن شىلتىڭ ئاتقان «قەھرىمان» دىن ۋاز
كېچەي.

مەن سېنى چاغلاپ ئۆزۈمدەك چىن كۆڭۈل بەرگەن
ئىدىم،
سۆزلىرىڭگە بەك ئىشەندىم، تەلىيىم-بەختىم دېدىم،
تەلىيىممۇ كاج ئىكەن بولغاچقا مەن مۇڭلۇق يېتىم،
زەپمۇ قاقشاتتىڭ مېنى بىسمىللىسى ئۇشبۇ قېتىم،
سەن ئۇچۇن تارتقان جاپا، پۇتكۈل زىياندىن ۋاز كېچەي،
ئەقلىدىن ئازغان ھاماقەت، ناتىۋاندىن ۋاز كېچەي.

ئالتە كۈنلۈك يار تۇتۇپ، ئاشنالىقىڭغا ئاپىرىن،
چىن ئىشقنى بىلمىگەن «دانا» لىقىڭغا ئاپىرىن،
يازدا ئاپتاپتا قىزىق شەيدالىقىڭغا ئاپىرىن،
قىش كىرىپ ئۆچتى ئوتۇڭ، رەسۋالىقىڭغا ئاپىرىن،
قىشلىقى سوغدا كېرەكسىز سايىۋاندىن ۋاز كېچەي،
ھەرقاچان ئەسقاتمىغان كۆڭلى گۇماندىن ۋاز
كېچەي.

قىلمىغىن ئەسلا مېنىڭدىن مېھر-شەپقەتتىن ئۈمىد،
قالمىسۇن كۆڭلۈڭدە قىلچە رىشتە-رىغبەتتىن ئۈمىد،

ئەمدى بىر يىگانىدۇرمىز، يوق مۇھەببەتتىن ئۈمىد،
مەنمۇ ئۈزدۈم، سەنمۇ ئۈز ئەخمەق مۇھەممەتتىن ئۈمىد،
سەن كەبى ئارسىز، ۋاپاسىز لەيلىخاندىن ۋاز كېچەي،
مۇپتىلا بولسام يەنە مۇنداق جاھاندىن ۋاز كېچەي.

1950-يىلى 3-دېكابىر، سۇيدۇڭ



# ئامرىقىمغا مۇۋەششەھ

خۇشپۇراق گۈلدىن ئېسىل سەن، ئەي نازاكەت، مەن ئۈچۈن،
ساڭا ئوخشاش گۈلنى قىسماق كاتتا ئامەت مەن ئۈچۈن.

ئەتىرگۈلمۇ ھېس قىلار كەم دەپ سېنىڭدىن ھۆسنىنى،
بۇ سۈپەت تەرىپىنى ئاڭلاش مىسلى راھەت مەن ئۈچۈن.

يەر يۈزىدە بارمىكىن سەندەك نازاكەتتىن يەنە،
بولسىمۇ باردۇر ۋە لېكىن نېمە ھاجەت مەن ئۈچۈن.

رىشتىمىز چىڭ باغلىنىپ، تەلەي ماڭا باقتى كۈلۈپ،
بولمىسا، ئۆلپەت ئىدى ھەسرەت-نادامەت مەن ئۈچۈن.

ئىلتىپات قىلدىڭ لېۋىڭنى قاندۇرۇپ تەشنالىقىم،
ئاشۇ ئۇنتۇلماس مىنۇتلار ياخشى سائەت مەن ئۈچۈن.

نۇر يېغىپ تۇرغان يۈزۈڭنى كۆرمىسەم بىر كۈن ئەگەر،
ھەر كېچە تاڭ ئاتمىقى مۈشكۈل قىيامەت مەن ئۈچۈن.

ئىشقىمىز قوش كېپىنەك بولسا مۇھەببەت بېغىدا،
سەيلە قىلسا بىر ئۆمۈر، بەختۇ سائادەت مەن ئۈچۈن.



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com